# شىنجاڭ گېزىتى

新 疆 日 报

(维文)

(ۋەكالەت نومۇرى 1 — 57)

1987 - يىل
دېكابىر
7
(دۈشەنبە)

ئاۋارىيەت: كۈندۈزى ۋە كېچىسى ھاۋا ئوچۇق، بەزىدە بۇلۇتلۇق بولىدۇ. تېمپېراتۇرا 5°C - — 11°C - بولىدۇ. 3 بال شامال چىقىدۇ.


## ئاپتونوم رايونىنىڭ تۆمۈريول بويلىرىدىكى يېزىلارغا ئەقلىي كۈچ جەھەتتىن ياردەم بېرىش بويىچە كېڭەشمە يىغىنى ئاياغلاشتى

ئۆز مۇخبىرىمىز جۇ يۈجىن، ئەيمىن خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونىنىڭ تۆمۈر يول بويلىرىدىكى يېزىلارغا ئەقلىي كۈچ جەھەتتىن ياردەم بېرىش بويىچە كېڭەشمە يىغىنى ئۈچ كۈن داۋاملىشىپ، مۇشۇ ئاينىڭ 3 - كۈنى غەلىبىلىك ئاياغلاشتى.

كېڭەشمە يىغىنىغا قاتناشقان ھەر خىل كەسىپىي، تېخنىك خادىملار، ئۇستىلار، دېھقان ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر ۋە ئۆز راسخوتى بىلەن ئوقۇپ ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن 17 مىڭ كىشى (قېتىم) قاتناشتى. 300 دىن ئارتۇق پەن - تېخنىكا خادىمى دېھقانلارنىڭ يەكشەنبىلىك تېخنىكا مۇلازىمەت ئورنىغا قاتنىشىشقا ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇردى، 45 كىشى تەكلىپكە بىنائەن پەن - تېخنىكا جەھەتتە مۇئاۋىن ۋەزىپە ئۆتەشنى تەلەپ قىلدى، يۆتكىلىش، خىزمەتتىن ئىستېپا بېرىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق 107 كىشى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى ھۆددىگە ئېلىشقا، ئىجارىگە ئېلىشقا، يېڭىدىن قۇرۇشقا قاتنىشىشقا ماقۇل بولدى. تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش، ھۆددىگە ئېلىش ۋە ئارىيەت ھېسابىدا يۆتكىلىش، قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەش قاتارلىقلار توغرىسىدا 203 پارچە مۇددىئانامە ۋە كېلىشىم ئىمزالاندى. تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش، مەسلىھەت بېرىش، مۇلازىمەت قىلىش بويىچە 304 تۈردە مۇددىئانامە خاراكتېرلىك كېلىشىم ھاسىل قىلىندى.

بۇ قېتىمقى كېڭەشمە يىغىنى پەن - تېخنىكا باشقۇرۇشنى كەڭ قوزغۇۋېتىش، پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى جانلاندۇرۇش، ئىختىساسلىق كىشىلەر ۋە تېخنىكا ئالماشتۇرۇش بويىچە تەشۋىق قىلىش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش يىغىنى بولدى. ئورغۇنلىغان كىشىلەر بۇ قېتىمقى يىغىن ئارقىلىق پەن - تېخنىكا ئىسلاھاتى ۋە تۈرلۈك ئىقتىسادىي ئۇچۇرلاردىن خەۋەر تاپتى. بۇ، «بىلىمگە، ئىختىساسلىق كىشىلەرگە ھۆرمەت قىلىش»، «ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتا پەن - تېخنىكىغا تايىنىش، پەن - تېخنىكا ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا يۈزلىنىش» ئىجتىمائىي كەيپىياتىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكۈسى.



ئاپتونوم رايونىنىڭ سوغۇققا تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش يۈزىسىدىن ئېچىلغان جىددىي تېلېفون يىغىنى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە مۇنداق چاقىرىق چىقاردى:

## بىرنىيەتتە ھەمكارلىشىپ، سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە ئاتلىنىش لازىم

### ئاپتونوم رايونلۇق سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتكە قارشى تۇرۇش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى

ئۆز مۇخبىرىمىز يەن مىڭ خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، شىنجاڭ بويىچە سوغۇققا تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش يۈزىسىدىن جىددىي تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ۋە ھەر مىللەت خەلقىنى 13 - قۇرۇلتاي روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە پائال ئاتلىنىپ، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە، 1988 - يىلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشقا ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىشقا چاقىردى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ ئېنماۋ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت يىغىنغا قاتناشتى ۋە يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىنغا يولداش سۇڭ خەنلياڭ رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ مۇھەممەدى «سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتكە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، 1988 - يىلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى» دېگەن تېمىدا سەپەرۋەرلىك دوكلاتى بەردى.

بۇ يىل كۈز كىرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىنىڭ كىلىماتى نورمال بولمىدى، ھاۋا رايىدا ئىككى قېتىم ئاپەت خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش يۈز بەردى. 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا ھاۋا رايىدىكى بىر قېتىملىق ئاپەت خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش كۈزگى بۇغداي تېرىلغۇسى ۋە بىر قىسىم كۈزلۈك زىرائەتلەرنى يىغىۋېلىش پەيتىگە توغرا كېلىپ، دېھقانچىلىققا ناھايىتى ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى. 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرى بىر قېتىملىق كۈچلۈك سوغۇق ھاۋا ئېقىمىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، تېمپېراتۇرا جىددىي تۆۋەنلەپ كەتتى. بۇ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان 2 - قېتىم يۈز بەرگەن ئەھۋال بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاقتىمۇ بالدۇر، يۈز بېرىشىمۇ تەسادىپىي بولدى. ئۇ، ئۇششاق چارۋا ماللارنى ئورۇقلاندۇرۇش، چوڭ چارۋا ماللارنى

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## شىنجاڭنىڭ بىناكارلىقىدا زامانىۋى پەن - تېخنىكىنى قوللىنىپ، دەۋر قىياپىتى، مىللىي ئۇسلۇب، يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم

ئۆز مۇخبىرىمىز شى جيەن خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا زامانىۋىلاشقان، نەپىس ھەم مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق - قۇرۇلۇش لايىھىلەش يۇرتىنىڭ بىناسى ئۈرۈمچىنىڭ دۆڭكۆۋرۈك يولىدا قەد كۆتۈردى. 10 - ... 12 - ئاينىڭ ...

ئۆتتۈش كېرەككى، بىر قەدەر ياخشى ئىسراپ قىلىنمىغانتى. ئۇ مۇنداق دېدى: شىنجاڭنىڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش لايىھىسى قۇرۇلۇشىدا زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن مىللىي ئۇسلۇبنى ئۆز - ئارا بىرلەشتۈرۈش يولىدا مېڭىش لازىم. بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ئۆزلۈكسىز مەيدانغا كېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىناكارلىق - قۇرۇلۇشتا دورامچىلىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلمەكتە. ئارىسىدىكى يولداشلار بىناكارلىق - قۇرۇلۇش خادىملىرى...

شىمالدىكى ئالاھىدىلىكنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشى، تەھلىل قىلىشى ۋە ئىزدىنىشى، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە، يەرلىك ئالاھىدىلىككە، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىنى يارىتىشى لازىم. ئۇ ۋەتتە، شىنجاڭ بىناكارلىقىنىڭ ئۇسلۇبى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكى ئۇسـ...

# ئابونتلار ئۇنىڭ قەلبىدە

**— مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر پوچتالىيون ئەكبەر ئىمىن توغرىسىدا**

ئۆز مۇخبىرىمىز بەختىيار خوجا


ھەر قانداق كىشى ئۆزى سالغان پوچتا يوللانمىسىنىڭ قارشى تەرەپكە تېز ۋە خاتاسىز تېگىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى نەچچە يۈز مىڭ پوچتالىيون ئەشۇنداق يوللانمىلارنى ۋاقتىدا ئىگىسىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، يىلبويى قار - شىۋىرغانغا ۋە يامغۇر - بورانغا پەرۋا قىلماي، شەھەر - يېزىلار ۋە تاغ - يايلاقلار ئارىسىدا قاتنىشىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە. ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى مەركىزىي پوچتا ئىدارىسىدىكى ئەكبەر ئىمىن ئەشۇنداق ھۆرمەتكە سازاۋەر يېشىل كىيىملىك ئەلچىلەرنىڭ بىرى. ئۇ، يېقىندا «ئىقتىساد گېزىتى»، «جۇڭگو مەجمۇئە گېزىتى» قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر پوچتالىيونلارنى باھالاش - مۇكاپاتلاش يىغىنىدا ئۈچ يىلدا 1 مىليون پارچىغا يېقىن پوچتا يوللانمىسىنى خاتاسىز يەتكۈزۈشتەك ئەلا نەتىجىسى بىلەن بىرىنچى دەرىجىلىك پوچتالىيون بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.

يېقىندا ئۇنى زىيارەت قىلدىم. ئەكبەر ئىمىن پوچتا يوللانمىلىرىنى پوچتا سومكىسىغا قاچىلاۋاتقانىكەن، ئۇ، ئالدىراش بولغاچقا، سوئاللىرىمغا قىسقىلا جاۋاب بېرىپ، ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. پوچتا يوللانمىلىرىنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈش مۇھىم، شۇڭا ئۇنىڭ ۋاقتىنى ئېلىشنى توغرا تاپمىدىم، ئىدارە باشلىقى ماڭا ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ بەردى.

ئەكبەر ئىمىن 1983- يىلى 11- ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى مەركىزىي پوچتا ئىدارىسىغا خىزمەتكە كىرگەن. ئۇ، ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان ۋەزىپە بىلەن تونۇشۇپ چىقىپ، پوچتا يوللانمىلىرىنى تېز، توغرا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۆز دائىرىسىدىكى ...

شى ئىشلەش ئۈچۈن، خەنزۇ يېزىقى ۋە تىلىنى ياخشى بىلىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلغان ئەكبەر كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ، كۈرستا خەنزۇچە ئۆگەنگەن. يېرىم يىل تىرىشىش ئارقىلىق، كەسپكە ئائىت خەنزۇچە خەتلەرنى ئىگىلىگەن.

ئۇ ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە 1 مىليون پارچىغا يېقىن پوچتا يوللانمىسىنى ئۆز ۋاقتىدا، خاتاسىز يەتكۈزدى، ئادرېسى ئېنىق بولمىغان، خاتا يېزىلغان «ئۆلۈك» پوچتا يوللانمىسىدىن 64 پارچىنى ئۆز ئىگىسىگە يەتكۈزۈپ بەردى. ئۇ، دائىرىسىدىكى كوچىلارغا ھەر كۈنى ئىككى قېتىم قاتنىغاندىن سىرت، كۈندۈزى ئۆيىدە بولمىغان ئابونتلارنى كەچتە ئىزدەپ،



يوللانمىلارنى ئىگىلىرىگە ۋاقتىدا يەتكۈزدى، ئاممىغا ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، باشقىلارغا ۋەكالىتەن گېزىت- ژۇرناللارغا مۇشتىرى بولۇش، خەت- چەكلەرنى پوچتىغا يوللاش، خالتىلارنى پوچتىغا سېلىش، ئاپىرىپ بېرىش قاتارلىق ئىشلارنى ئۆزلۈكىدىن خالىس داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ئۇ، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يەتتە ئېيىدا 1200 نەچچە پارچە يوللانمىنى باشقىلارغا ۋەكالىتەن يوللاپ بەردى، بىر مىڭ نەچچە يۈز يۈەنلىك گېزىت- ژۇرنالغا مۇشتىرى بولۇش رەسمىيىتىنى ۋەكالىتەن ئۆتەپ بەردى. شۇڭا ئۇنىڭ يەتكۈزۈش دائىرىسىدىكى ئىدارە، ئورگانلار ۋە ئامما ... نى مەدھىيىلىدى. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان، ھەر يىلى «مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى»، «ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى» بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى.

شۇ ئەسنادا ئۇستى - بېشىغا قونغان قار ئېرىپ، كىيىم - كېچەكلىرى ھۆل بولۇپ كەتكەن ئەكبەر ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى ۋە ئىدارە باشلىقىغا قاراپ: «بۈگۈنمۇ بىر پارچە «ئۆلۈك» خەت تىرىلدى» دېدى. بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق ئىكەن:

بۇ ئىدارە «دۆڭ كۈۋرۈك ئازادلىق يولى 18- قورۇ ئەلى» دېگەن ئادرېس يېزىلغان ئالاھىدە تېز يەتكۈزۈلىدىغان مال ئېلىش تالونىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. ئەمما «18 - قورۇ» دەل مۇشۇ پوچتىخانىنىڭ ئىشىك نومۇرى بولۇپ، پوچتىخانىدا ئەلى ئىسىملىك ئادەم يوق ئىدى. دېمەك، ئادرېس خاتا يېزىلغان بولۇپ، مال ئېلىش تالونىنى قايتۇرۇۋېتىشكە توغرا كېلەتتى. ئەمما ئەكبەر بۇ تالوننى ئىگىسىگە يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن، دۆڭ كۈۋرۈك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرىدىكى 60 نەچچە تىجارەتچىدىن سۈرۈشتە قىلىپ، ئاخىرى ئىگىسىنى تېپىپ تالوننى تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ.

مەن ئەكبەردىن: «سىز قانداق قىلىپ شۇنچە كۆپ پوچتا يوللانمىلىرىنى خاتاسىز يەتكۈزۈپ بېرەلىدىڭىز؟» دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ: «بىر پوچتا يوللانمىسى بىر قەلبكە ئوخشايدۇ، ئۇ بىزگە ھاۋالە قىلىنغان ئامانەت، ئۇنى چوقۇم ئىگىسىگە يەتكۈزۈش كېرەك. مەن پوچتا يوللانمىلىرىنى يەتكۈزۈش داۋامىدا ئابونتلارنى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىلىۋېلىشقا، ئۇلارنىڭ چىرايىنى ئەستە تۇتۇۋېلىشقا تىرىشتىم. پوچتا يوللانمىلىرىدىكى تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ ئادرېسىغىلا قاراپ قالماي، يەنە ئەۋەتكەن كىشىنىڭمۇ ئادرېسىنى ئەستە ساقلىدىم، ئامانەتنى تاپشۇرمىغىچە، كۆڭلۈم ئارام تاپمىدى» دېدى.

ئەمدىلا 26 ياشقا كىرگەن ئەكبەرنىڭ بۇ ...



شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ خىمىيەۋى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرۈش قىسمى ئۈرۈمچى خېيجاشەن كوچا باشقارمىسىغا ياردەملىشىپ، ھەر مىللەت ياشلىرىغا مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇپ بەردى. سۈرەتتە: ياشلار ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتتا مەدەنىي مەشغۇلات بىلەن شۇغۇللانماقتا.

چاڭ شۈجىن فوتوسى

## جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ كېسىلىنى داۋالىماقتا

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار نۇرغۇن قېتىم داۋالاش ئەترىتى ۋە قۇتقۇزۇش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، ئاممىنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ۋە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

قىسىم تۇرۇشلۇق جايدا ئۇيغۇر، تاجىك، قىرغىز قاتارلىق 20 نەچچە ئاز سانلىق مىللەت دېھقان - چارۋىچىلىرى تارقاق ئولتۇراقلاشقانىدى، تارىخىي سەۋەبلەر ۋە تەبىئىي مۇھىت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، بۇ جاينىڭ سەھىيە ئىشلىرى ...

بۇ يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى دائىرىسىدە يۇقۇملۇق كېسەل تارقالغاندا، مەلۇم قىسىمدىكىلەر دەرھال تۆت داۋالاش ئەترىتى ئەۋەتتى، بۇ ئەترەتتىكىلەر داۋالاش - كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا كارىۋات قىس، تېببىي خادىم يېتىشمىگەن ئەھۋالدا، قىسىم دوختۇرخانىلىرى دەم ئېلىشقا چىققان ئون نەپەر بۆلۈم مۇدىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، 150 كارىۋاتلىق ۋاقىتلىق دوختۇرخانا قۇردى، يې ...

# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

(维文)

(ۋاكالەت نومۇرى 1 — 57)

1985 - يىل
دېكابىر
10
(سەيشەنبە)


ئۈرۈمچىدە: كۈندۈزى ۋە كېچىسى ھاۋا بۇلۇتلۇق بولۇپ، ئازراق قار ياغىدۇ، تېمپېراتۇرا 7°C - —11°C- بولىدۇ، 3 بال شامال چىقىدۇ.

سىياسى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ياخشى ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ،
سوتسىيالىستىك تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرەيلى

# ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىينىڭ 4 - يىغىنى غەلىبىلىك يېپىلدى

ھامىدىن نىياز ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا،

تۆمۈر داۋامەت ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى

لى جيايۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، جىن يۈنخۇي، ماۋ دېخۇالار

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى

يېپىلىش مۇراسىمىغا يىغىننىڭ ئىجرائىيە رەئىسى ۋاڭ ئېنماۋ رىياسەتچىلىك قىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت،

ئارمىيە رەھبەرلىرىدىن سۇڭ خەنلياڭ قاتارلىق يولداشلار قاتناشتى

ئۆز مۇخبىرىمىز ئىمىن ئۆمەر خەۋەر قىلىدۇ: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ بارلىق كۈنتەرتىپلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاپ، تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن خەلق سارىيىدا غەلىبىلىك يېپىلدى. يىغىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى، ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 6 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشقا، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە تىرىشىپ ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىردى.

يىغىننىڭ ئىجرائىيە رەئىسى ۋاڭ ئېنماۋ يېپىلىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

تۈنۈگۈنكى يىغىندا ئىجرائىيە رەئىسلەردىن تۆمۈر داۋامەت، سەيپۇللايوپ، ياڭ يىچىڭ، زاھىر ساۋدانوپ، رېن گېيى، ئابلىز مۇھەممەدى، ماھىنۇر قاسىم، يۈجەنلىن، مەخسۇت تېيىپوپ، قىزسايىن سىسىپاپايۇپلار قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى 649 كىشى بولۇپ، تۈنۈگۈنكى يىغىنغا 544 كىشى قاتناشتى، بۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن.

تۈنۈگۈنكى يىغىندا يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، ھامىدىن نىياز ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، تۆمۈر داۋامەت ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى؛ لى جيايۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، جىن يۈنخۇي، ماۋ دېخۇا ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە؛ سۇڭ خەنلياڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاندى.

يىغىن ياڭ يىچىڭنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىش ھەققىدىكى ئىلتىماسىنى ماقۇللىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا يېڭىدىن سايلانغان ھامىدىن نىياز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ



## ئۈرۈمچى شەھىرىدە 1000 دىن ئارتۇق ياش ئىنقىلاۋىي تارىخىي شېئىر - ناخشا ئېيتىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، «9 - دېكابىر» ھەرىكىتىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلىدى

ئۆز مۇخبىرىمىز ئازاتگۈل ئابدۇرېشىت خەۋەر قىلىدۇ: مۇشۇ ئاينىڭ 9 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى ۋە ئوقۇغۇچىلاردىن 1000 دىن ئارتۇق ياش ئۈرۈمچى تەنتەربىيە سارىيىدا ئىنقىلاۋىي تارىخىي شېئىر - ناخشا ئېيتىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، «9 - دېكابىر» ھەرىكىتىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلىدى. شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتى، شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان بۇ پائالىيەتكە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى ۋە پېشقەدەم كادىرلار تەكلىپ بىلەن قاتناشتى.

شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش لى دېشىن سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: تارىخ بىزگە يۈكلىگەن ۋەزىپىنى ئەينى يىللاردىكى ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەزىپىسىگە سېلىشتۇرىدىغان بولساق، زور ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. يېڭى تارىخىي شارائىتتا، «9 - دېكابىر» ھەرىكىتىنىڭ ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈشىمىز؛ مەملىكىتىمىزنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، خەلقىمىزنى باياشات تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، جاپاغا چىداپ ئۆگىنىپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، سىياسىي - ئىدىيىۋى سەۋىيىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ھەم قىزىللاشقان، ھەم ئىختىساسلاشقان تالانت ئىگىلىرىدىن بولۇشىمىز؛ ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ھازىرقى زامان پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئىگەللەپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق يېڭى كىشىلەردىن بولۇشىمىز لازىم.

## «9 - دېكابىر» ھەرىكىتىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن

## شىنجاڭ داشۆدە ناخشا ئېيتىش كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى

سۈرەتلىك خەۋەر


12 - ئاينىڭ 8 -، 9 - كۈنلىرى كەچتە شىنجاڭ داشۆ زالىدا مەكتەپ رەھبەرلىرى ۋە ھەر قايسى پاكولتېتتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن تەنتەنىلىك ناخشا ئېيتىش كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلۈپ، «9 - دېكابىر» ھەرىكىتىنىڭ 50 يىللىقى خاتىرىلەندى.

بۇ قېتىمقى ناخشا ئېيتىش كېچىلىكىگە مەكتەپ رەھبەرلىرى، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ۋە شىنجاڭ داشۆ شۆبە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قاتناشتى. ئۇلار «9 - دېكابىر» ھەرىكىتىنىڭ روھىنى چۈشەندۈرۈش ئاساسىدا «جۇڭخۇانى گۈللەندۈرەيلى»، «پارتىزانلار ناخشىسى»، «ئەجدادلار ئىزىدىن»، «ئىتتىپاقلىق كۈچ»، «بىز ۋەتەننىڭ غۇنچىلىرى» قاتارلىق جۇشقۇن ناخشىلارنى ئېيتىپ، تاماشىبىنلار ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى.

شىنجاڭ داشۆ پارتكومىنىڭ شۇجىسى يولداش جاڭ ياڭ «9 - دېكابىر» ھەرىكىتىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش ناخشا ئېيتىش كېچىلىكىدە سۆز قىلدى. ئۇ، ئۆز سۆزىدە «9 - دېكابىر» ھەرىكىتىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى ئەسلەپ ئۆتۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دەۋرىمىز ياشلىرىدىن پارتىيىمىز ئەتراپىغا تېخىمۇ مۇستەھكەم ئۇيۇشۇپ، ۋەزىيەتنى توغرا تونۇپ، «9 - دېكابىر» ھەرىكىتىنىڭ روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن قاتنىشىپ، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش ۋە شىنجاڭنى ئېچىش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلدى.



...ئونوم رايونلۇق خەلق قۇر...



* * *

سۈرەتتە: يىغىن زالىدىن كۆرۈنۈش

ئۆز مۇخبىرىمىز فەن خاۋ فوتوسى

## مال باھاسىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، باھانىڭ ئۆسۈپ كېتىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش لازىم

**جاڭ سىشۆ ئاپتونوم رايوننىڭ مال باھاسى، ئاشلىق، سودا ۋە سودا ـ سانائەت مەمۇرى باشقۇرۇش تارماقلىرىدىكى يولداشلار بىلەن بىرلىكتە، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر قىسىم كۆكتات، گۆش دۇكانلىرىنى تەكشۈردى**

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز خاۋ جىنيۇ خەۋەر قىلىدۇ: مال باھاسى مەسىلىسى دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ مۇقىم راۋاجلىنىشىغا، ھەقلىمىغان، ئۇنىڭلىغان ئائىلىلەرنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە ۋە جەمئىيەتنىڭ تىنچ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە، ئۇنىڭغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش، ئۇنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، قاتتىق تىزگىنلەش لازىم. بۇ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ سىشۆنىڭ مۇشۇ ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە مال باھاسىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەن چاغدا قىلغان سۆزى.

مۇشۇ ئاينىڭ 5 - كۈنى جاڭ سىشۆ ئاپتونوم رايوننىڭ مال باھاسى، ئاشلىق، سودا ۋە سودا - سانائەت مەمۇرى باشقۇرۇش تارماقلىرىدىكى ئالاقىدار يولداشلار بىلەن بىرلىكتە، ئاممىنىڭ ئىنكاسى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان بەزى كۆكتات دۇكانلىرى، گۆش دۇكانلىرى، مېھمانخانا ۋە ئاشلىق سېتىش دۇكانلىرىنى تەكشۈردى. بۇنى كۆرگەن ئامما ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم رەھبەرلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام سودا دۇكانلىرىغا بېرىپ، مال باھاسىنى تەكشۈرگەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى.

جۇڭشەن كوچىسىدىكى ئۇندىن ئىش لىگەن يەمەكلىكلەرنى ساتىدىغان ئاشخانىنى تەكشۈرگەندە، ياغ نانىنىڭ ئېغىرلىقىنىڭ بەلگىلەنگەن ئۆلچەمگە يەتمەيدىغانلىقى سېزىلدى. جاڭ سىشۆ بۇ ئاشخانىدىكى يولداشلارغا مۇنداق دېدى: مال باھاسى مەسىلىسى دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ مۇقىم راۋاجلىنىشىغا، ھەقلىمىغان-ئۇنىڭلىغان ئائىلىلەرنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە ۋە جەمئىيەتنىڭ تىنچ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. باھانى خالىغانچە ئۆستۈرۈۋېلىشقا، جىڭدا كەم بېرىپ ياكى خورۇچ - ماتېرىياللارنى قىسىپ قېلىپ، باھانى شەكلى ئۆزگەرگەن ھالدا ئۆستۈرۈۋېلىشقا بولمايدۇ. ئاشخانا ئۆز نامىنى چىقىرىش، ئابرۇي تېپىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن سان - سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىشى، مال باھاسىنى ئاكلىق ھالدا دائىم تەكشۈرۈپ، سېزىلگەن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تۈزىتىپ تۇرۇشى لازىم.

ئەنىڭدىكى بىر كۆكتات دۇكىنىغا يېڭى كۆكتاتلار سېلىنغانلىقتىن، ئۇنداھايىتى كۆپ خېرىدارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغان ئىدى. جاڭ سىشۆ ئىچكىرىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن تورۇزنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك ئالاقىدار تارماقلار بەلگىلىگەن پارچە سېتىش باھاسىدىن يۇقۇرى ئىكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن، دۇكان مەسئۇلىغا: سىلەر ئىچكىرىدىن يېڭى كۆكتاتلارنى ئەكىلىپ، بازارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپسىلەر، ئامما سىلەرگە تەشەككۈر ئېيتىدۇ، لېكىن پۇل تاپىمىز دەپ باھانى ئۆستۈرۈۋالساڭلار، ئۇ ھالدا دۆلەت ۋە خەلق ئالدىدا مەسئۇل بولمىغان بولىسىلەر، دېدى. جاڭ سىشۆ ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە «تۆت بولۇش» تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى ھەقىقىي تۇرغۇزۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئۈرۈمچى ئاپتوموبىل ياساش، ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇش زاۋۇتى بۇ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى مۇددەتتىن ئىلگىرى ئاي بۇرۇن ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدى، پايدىنى 3 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، ئۆتكەن يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن ئۈچ ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشۇردى.

ئۆز مۇخبىرىمىز فەن خاۋ فوتوسى



...ن نىياز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسلىكىگە يېڭىدىن سايلانغان تۆمۈر داۋامەت يىغىندا قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە سۆز قىلدى. ھامىدىن نىياز مۇنداق دېدى: ۋەكىللەر مېنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا سايلىدى، بۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماڭا بىلدۈرگەن زور ئىشەنچىسى. ئۇ، خىزمەت جەريانىدا ماركسىزىم - لېنىنىزىم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىلىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىدىغانلىقىنى، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇپ، دائىم خەلق ئاممىسىنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى ئاڭلاپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

سۈرەتتە: ناخشا ئېيتىش كېچىلىكىدىن كۆرۈنۈش.

ئۆز مۇخبىرىمىز ئەركىن جېلىل خەۋىرى، نىجات فوتوسى.


گوۋۇيۈەن مۇھاجىرلار ئىشخانىسى

## ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەرتەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تەۋەلىرىگە 30 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى ئاجرىتىپ بەردى

يېقىندا، گوۋۇيۈەن مۇھاجىرلار ئىشخانىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇلۇغچات ۋە قەشقەر كونىشەر ناھىيىلىرىدىكى يەرتەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تەۋەلىرىگە 30 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى ئاجرىتىپ بەردى.

بۇ يىل 8-ئاينىڭ 23 -كۈنى ئۇلۇغچات ۋە قەشقەر كونىشەر ناھىيىلىرىدە يەر تەۋرىگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مۇھاجىرلار ئىشخانىسى گوۋۇيۈەن مۇھاجىرلار ئىشخانىسىغا ئەھۋالىنى دوكلات قىلغان، گوۋۇيۈەن مۇھاجىرلار ئىشخانىسى خەت ئەۋەتىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايوندىكى ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تەۋەلىرىدىن ھال سورىغان ئىدى. ھازىر يەنە مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىۋېلىشىغا ياردەم بەردى ھەمدە ئۇلارنى يەرلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يۇرت - ماكانىنى يېڭىۋاشتىن گۈللەندۈرۈشكە چاقىردى. مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تەۋەلىرى بۇنىڭدىن زور ئىلھام ۋە تەربىيە ئېلىپ، تىرىشىپ ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىشتەك ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ غەمخورلۇقىغا جاۋاب قايتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

(ۋۇشەن)



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

